# دۇنيانى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۈيۈك بىرلىكنى كۆزلەش

## ــــ «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا يۈرۈشلۈك مۇلاھىزە (9)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خەن لياڭ، جيېڭ خەنگېن

كىچىكىدىن باشلاپ پويىز شوپۇرى بولۇشقا ئىرادە باغلىغان تايلاندلىق ياش ئانۇپا تىپالا يېقىندا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، جۇڭگوغا تۆمۈريول تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە كەلدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىن نەپكە ئېرىشكەچكە، ئۇ «پويىز پالۋىنى» بولۇش ئارزۇسىغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلاشتى.

يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى جۇڭ ۋېي ئەنمۇ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىن مۇشۇنداق «تۇيغۇ»نى تاپتى. ئۇ يېقىندا ئەگەر مۇۋاپىق تۈر بولسا، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭمۇ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ خەلقئارا ئاپپاراتلارغىچە، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ يەر شارىۋى «مەستانىلىرى» كۈنسېرى كۆپەيدى، بۇ جۇڭگونىڭ دۇنيانى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلىگەنلىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. بۈگۈنكى جۇڭگو تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بەزىدە قىزىپ، بەزىدە سوۋۇۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادىغا بىر «ئىللىق ئېقىم» قوشۇپ، پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا بارغانسېرى كۆپ قوللىغۇچى ۋە سەپەرداشقا ئىگە بولدى.

### ■ ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش

چېگرا سىرتىدىكى 137 دۆلەت ۋە رايون، 21 خەلقئارا تەشكىلات، 8000 جۇڭگو ۋە چەت ئەل كارخانىسى ھەم ئاپپاراتى كۆرگەزمە ۋە يەرمەنكىگە قاتناشتى؛ يەر شارىۋى مۇلازىمەت سودىسىغا نەزەر سېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى؛ يەرمەنكە مەزگىلىدە ئىمزالانغان مۇددىئا توختام سوممىسى 105 مىليارد 60 مىليون دوللارغا يەتتى... ياز پەسلىدىكى بېيجىڭدا، بىر مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىق، مول نەتىجىلىك «بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى» جۇڭگو ـ چەت ئەل مۇلازىمەت سودىسىدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەمكارلىققا ۋاستە ۋە كۆۋرۈك ھازىرلاپ، جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش قەتئىيلىكى ۋە ئىرادىسىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن كۈچى ۋە پارلاق ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

بىر تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق تەتۈر ئېقىمى ئۆركەشلەۋاتقاندا، جۇڭگو تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىۋېتىش تەدبىرى، تېخىمۇ ئاكتىپ سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلىقلاشتۇرۇش سىياسىتى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خەلقئارا ئاممىۋى مەھسۇلات تەمىناتى ئارقىلىق، يەر شارىۋى ئىقتىسادقا ھاياتىي كۈچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، بارغانسېرى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئىشەنچ مەنبەسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشۇۋاتقان ئەڭ چوڭ دۆلەت، يەر شارىۋى 1 ـ چوڭ ئېكسپورت دۆلىتى، 2 ـ چوڭ ئىمپورت دۆلىتى، ھەم دۇنيا زاۋۇتى، ھەم دۇنيا بازىرى... بىر قاتار كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ناملار جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچى، يوشۇرۇن كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچى، ئەۋزەللىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسەتتى.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى قوزغىدى. دېۋەيلەپ كەلگەن سودا زومىگەرلىكىگە قارىتا، جۇڭگو تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تەمكىن تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسى ۋە خەلقئارا سودا تەرتىپىنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر بېكىتكەن فاڭجېنى بويىچە ھەرقانداق كاشىلىغا پەرۋا قىلماي، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئېلىشتەك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، تولۇق ئېچىۋېتىشتەك جۇڭگو پۇرسىتىدىن دۇنيا بىلەن ئورتاق بەھرىلەندى.

تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشتىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى تۈزۈشكىچە، تاموژنا بېجى سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىشتىن چەت ئەل مەبلەغى بازار ئىجازىتىنى كېڭەيتىشكىچە، بىر قاتار ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى قاتتىق، ئەمەلىي تەدبىرلەر دۇنياغا ئىسلاھاتنى توختاتمايدىغان، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى توختاتمايدىغان جۇڭگو جاسارىتىنى نامايان قىلدى. پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالغاندا، ئافرىقىدىن لاتىن ئامېرىكىسىغىچە، ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققىچە، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى تاغ ـ دەريا توسۇقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن يەر شارى بازىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، «ئۇنتۇلغان زېمىن»نى «ئۈمىد دالاسى»غا ئايلاندۇرۇپ، كەڭ دۇنياغا تۇتىشىدىغان چوڭ دەرۋازىنى ئاچتى.

«بەزى دۆلەتلەر يەر شارىۋىلىشىش، كۆپ تەرەپچىللىكتىن گۇمانلىنىۋاتقان، ھەتتا بەزى سودا قورۇقچىلىق سىياسەتلىرىنى قوللىنىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىزنى ئوچۇق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەركىن سودىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ياخشى سۇپا بىلەن تەمىنلىدى» دېدى چىلى زۇڭتۇڭى پىنېلا.

بەزى ئالىملار خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىدا جۇڭگونى كۆۋرۈك قىلغان «قوش ئايلانما ئېقىم» سىستېمىسى شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، سودا، سېلىنما، كەسىپ زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېپيېڭى ئېھتىياج ۋە تەمىنات ياراتماقتا. جۇڭگو «دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇلىنىش» ۋە «ھەممەبەھرىلىنىش تۈگۈنى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئىناق ھەمكارلىشىپ، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان توغرا شەكىل قىلدى.

### ■ باتۇرلۇق بىلەن چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۇنياغا پايدا يەتكۈزۈش

100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى ئالدىدا، زور تەرەققىيات، زور ئۆزگىرىش، زور تەڭشىلىش بولۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، جۇڭگو ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت يولىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن سىجىل ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قاتارلىق يەر شارىۋى ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، تىرىشىپ دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ئاپپاراتلارنىڭ نوپۇزىنى قوغدىدى... جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى خەلقئارا جەمئىيەت كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. گرېتسىيە زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس مۇنداق دېدى: جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدۇ، خەلقئارادا لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، بۇ، قەدىمىي جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ۋە جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇشتەك تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلدى.

جۇڭگو تېخىمۇ ئادىل، باراۋەر خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىشقا قەتئىي ئېغىشماي تۈرتكە بولدى. مەيلى ئوتتۇرا شەرقتە بولسۇن ياكى لاتىن ئامېرىكىسىدا بولسۇن، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، سۈركىلىش ۋە رايون توقۇنۇشى، قارشىلىشىش ئالدىدا، جۇڭگو ئىزچىل ئىشنىڭ ھەق ـ ناھەقلىقى، يوللۇق ـ يولسىزلىقىنى چىقىش قىلىپ، ئېغىپ كەتمەي، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، ئادىل سۆزلەپ، ئادىل ئىش قىلىپ، توقۇنۇشنى تۈگىتىش، ئىختىلاپنى پەسەيتىشنى ئادىل، باراۋەر ئىجادىي لايىھە بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى توقۇنۇش، داۋالغۇش بولۇۋاتقان نۇرغۇن رايوندا، جۇڭگو بارغانسېرى تىنچلىقنى قوغدايدىغان ئىشەنچ ۋە كۈچ مەنبەسىگە ئايلاندى. يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىگە پائال قاتنىشىش، ئالغا سىلجىتىشتىن، ئىران يادرو مەسىلىسى، سۈرىيە، ئافغانىستان، يەمەن قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى كېڭەشكە تۈرتكە بولۇشقىچە، جۇڭگو تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ توقۇنۇش، قارشىلىشىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ھەم ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر نەزەردە تۇتۇلغان جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارادىكى «دوستلار چەمبىرىكى»دە تېخىمۇ كۆپ «قوللاش»نى قولغا كەلتۈردى.

كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىن يەر شارىۋى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكىچە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىچە... مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن خەلقئارا ساھەدە، جۇڭگو «جاھاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى» دەيدىغان ھېسسىياتى بىلەن، پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ، دۇنياغا تۆھپە قوشتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر مەزگىلدىن بۇيان، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولغان ئامېرىكىنىڭ تۈرلۈك قىلمىشلىرى دۇنيانىڭ تەرەققىيات زور دولقۇنىغا قارشى ئېقىمدا مېڭىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ رايىغا قارىمۇقارشى يول تۇتتى. «6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ مېكسىكىدىن ئامېرىكىغا كىرگۈزۈلگەن بارلىق تاۋارلاردىن 5% تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ، بۇ قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ مېكسىكا ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە كىرىشى توختىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ» ــ ئامېرىكا «تاموژنا بېجى كالتىكى»نى پۇلاڭلىتىپ، يېقىن قوشنىسى مېكسىكىغا ھۇجۇم قىلدى.

خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە كۆپ تەرەپلىك كېلىشىملەردىن «چېكىنىش»تىن باشقىلارغا سودا زومىگەرلىكى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىشقىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشى خەلقئارا ھەمكارلىققا زىيان يەتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون ئىلگىرى تەشۋىش ئىلگەن ھالدا: بۈگۈنكى دۇنيادا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، كۆپ تەرەپلىك سىستېما گۇمۇرۇلۇشكە دۇچ كەلدى، دېگەنىدى.

بەزىلەرنىڭ تارىخ چاقىنى كەينىگە ياندۇرۇپ «ئورمان قائىدىسى»نى يولغا قويۇپ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىشىغا قارىتا، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلدى. كىم دۇنيا بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ، كىم دۇنيا بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتىدۇ؟ بۇ دېمىسىمۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك.

### ■ مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، گۈزەللىكلەردە ئورتاقلىشىش

باش يازدىكى بېيجىڭدا ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەيدان ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى. ئاسىيادىكى 47 دۆلەت ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشقاندىن باشقا، يىغىنغا يەنە لاتىن ئامېرىكىسى، ياۋروپا قاتارلىق باشقا رايونلاردىكى ۋەكىللەرمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا كەڭ مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى. بۇ مەيدان «مەدەنىيلىك كېلىشىمى»دە مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئېلىشنى قوللايدىغان كۈچلۈك سادا ياڭرىتىلدى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان، مەدەنىيلىكنىڭ ئارىلىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاكتىپ كۈچ قويۇپ بېرىلىپ، پۈتۈن يەر شارىدا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش ۋە ئۇزاققىچە «ئورتاق تەۋرىنىش» قوزغالدى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسى» «مەدەنىيلىك ئەۋزەللىك سەپسەتىسى» قاتارلىق خاتا سەپسەتىلەر ئەۋج ئېلىپ، نارودنىكلىق، ئىرقچىلىق بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، كەڭ ئەندىشە پەيدا قىلدى.

مەدەنىيلىكنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ئېسىل ـ پەسلىك پەرقى بولمايدۇ، پەقەت رەڭدارلىق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، جۇڭگو بايرىقى روشەن ھالدا ئاتالمىش «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى» سەپسەتىسىگە قارشى تۇرۇپ، مەدەنىيلىك سۆزلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ سابىق باش كاتىپى ئالىموف مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ مەيدان مەدەنىيلىك سۆزلىشىش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورىزم ۋە ئەسەبىزم، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە مەدەنىيلىك سۆزلىشىشكە تۈرتكە بولۇش، جۇڭگو دىپلوماتىيەسىنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىسى ۋە گۈزەل مەنزىرىسى بولۇپ كەلدى. جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول»نى «مەدەنىيلىك يولى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ چىقىرىپ، لىنىيە بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ زور ئالماشتۇرۇلۇشى، مەدەنىيلىكنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. جۇڭگونىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «مەدەنىيلىك يولى» كۈنسايىن «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىدىيە ئورتاق تونۇشى ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلانماقتا.

كېسەك ئالتۇن ھەمكارلىق مېخانىزمىدا، ئادەمىيەت ئالاقىسى ئىقتىساد، سىياسىي خەۋپسىزلىك بىلەن بىرلىكتە بۇ مېخانىزمنىڭ «ئۈچ چاقلىق قوزغاتقۇچى»سىنى شەكىللەندۈردى؛ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا، ئادەمىيەت ھەمكارلىقى بىلەن خەۋپسىزلىك، ئىقتىساد تەڭ ئىلگىرىلەپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ سىجىل، كۈچلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ قوشتى. جۇڭگو كېسەك ئالتۇن ھەمكارلىقى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە مەدەنىيلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مېخانىزم ۋە تەشكىلاتنىڭ «ئادەمىيەت خاراكتېرى»نى يارىتىش ۋە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

باراۋەرلىك، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، سۆزلىشىش، سىغدۇرۇشچانلىقتىن ئىبارەت جۇڭگو مەدەنىيلىك قارىشى ئوخشاشلا كۆپ تەرەپلىك ۋە ئىككى تەرەپلىك ئالاقىدىكى نۇرغۇن ئىنچىكە تەپسىلاتلارغا سىڭگەن. يەنچى كۆلى بويىدىن شىزى كۆلى بويىغىچە، سەددىچىن سېپىلى ئېتىكىدىن دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىگىچە، مۇھىم، زور كۆپ تەرەپلىك، ئاساسىي مەيدان دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا مول مەزمۇنلۇق، ئۆزگىچە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى شەرق، غەرب ئېلېمېنتلىرىنى يۇغۇرۇپ، مەڭگۈ ئورتاق سادا ياڭراتتى؛ ئافرىقىدىن لاتىن ئامېرىكىسىغىچە، جۇڭگو تۈرتكە بولغان نۇرغۇن ئادەمىيەت ئالاقىسى تەدبىرلىرى كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى؛ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەمىيەت ئالاقىسى مېخانىزمى كۈنسايىن بېيىدى، كۆپ مەنبەلەشكەن، ئۆزئارا تۈرتكە بولىدىغان ئادەمىيەت ئالاقىسى ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئارازلىقىدىن ھالقىش، مەدەنىيلىكتىن ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق مەدەنىيلىك توقۇنۇشىدىن ھالقىش، مەدەنىيلىكنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئەۋزەللىكىدىن ھالقىش، بۇ، جۇڭگونىڭ خىتابى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ھەرىكىتى. ئامېرىكا كولۇمبىيە داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى چارلىز ئامستراند مۇنداق دەپ قارىدى: جۇڭگو كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى ۋە ئوخشاش بولمىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ياۋروپا، ئاسىيا ھەم تېخىمۇ كەڭ رايونلاردىكى ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇش، باردى ـ كەلدى قىلىشتىكى كاتالىزاتورغا ئايلاندى.

مەدەنىيلىكنىڭ قۇدرىتى تارام ـ تارام ئېقىنلارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، دەريا، كۆل، دېڭىزلارغا ئايلاندۇردى، تەقدىرداش بولۇشنى قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان چىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشقا ئايلاندۇردى.

ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بېقىپ، زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، داغدام يولدا مېڭىپ، بۈيۈك بىرلىكنى كۆزلەش. بۈگۈنكى جۇڭگو ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان قىياپەت بىلەن دۇنياغا قۇچاق ئېچىپ، نادىر مەدەنىيلىك نەتىجىلىرى بىلەن دۇنياغا تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلانماقتا.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ھەدېسىلا باشقا دۆلەتلەرنى جازالاپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كارخانىلىرىنى بېسىۋاتىدۇ، بۇ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەپ قويىدى، خەلقئارا سودىنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگەنلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ رۇسىيە ـ جۇڭگو ھەم خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كېلىۋاتقان ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدىشى كېرەك. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرىنىڭ قەرەللىك ئۇچرىشىشى قاتارلىق مېخانىزملار ئارقىلىق ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان مۇھىم ھەمكارلىق ئورتاق تونۇشىنى، جۈملىدىن ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېشىل باغچە رايونى، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ سانائەتتە ئېنېرگىيە تېجەش ۋە يېشىل تەرەققىيات نۇقتىلىق كىرىپ تۇرىدىغان تۈرىنى ئىلتىماس قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى ئالدىن قوللايدىكەن؛ دۆلەتنىڭ يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسىنى تولۇقلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەشتۈرۈش بىلەن يېڭى ئەندىزە قوللىنىش تۈرىنى ئىلتىماس قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىغا تەۋسىيە قىلىدىكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون يېشىل زاۋۇت قۇرۇش، يېشىل باغچە رايونى قۇرۇش، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىش، يېشىل مەھسۇلات ياردىتىشقا ئىزچىل تۈرتكە بولۇپ، يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېشىل لايىھە، يېشىل تېخنىكا ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل باشقۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىگە سىڭدۈرۈپ، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى، ھەم ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان سانائەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئېنېرگىيە تېجەش ۋە ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش باشقارمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز يېشىل ياسىمىچىلىق ئۈلگە تىپلىرىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئۈلگىلىك كارخانىلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېشىل بولۇشنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى يارقىن ئاساسىي رەڭگە ئايلاندۇرىدۇ.